## پارتىيەنىڭ ئۈمىدى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، مىللەتنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەخلاق - پەزىلەتنى تاۋلاشتىن ئىبارەت ئالتە ئۈمىدنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مىزان بىلەن تەمىنلىدى، ياشلىق باھارى مۇساپىسىگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. سەممىي ئۈمىد، سەممىي تاپشۇرۇق كەڭ ياشلارنىڭ قەلبىنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىپ، غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ئارزۇغا ئىنتىلىش، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى.

4 - ماي ھەرىكىتىدىن بۇيانقى 100 يىلدا، جۇڭگو ياشلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ئارقىلىق ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان جۇڭگو، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو ياشلىرى ئۇلۇغۋار غايە، ئارزۇغا ئىگە، چوڭقۇر ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىگە ئىگە، ئۇلۇغ ئىجادىيەت كۈچىگە ئىگە ياشلار، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاۋانگارت كۈچ. بۈگۈن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەم تۆھپە قوشۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان تېپىلغۇسىز كىشىلىك ھايات پۇرسىتىگە دۇچ كەلمەكتە، ھەم «زىممىمىزگە مۇھىم، زور مەسئۇلىيەت يۈكلەندى» دەيدىغان دەۋر بۇرچىغا دۇچ كەلمەكتە. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باش تېمىسى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ بۇرچى دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق بىلەن بىللە «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

4 - ماي روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئېلىشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە ئۈمىدنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئىرادىلىك بولۇپ، يىراقنى كۆزلىگەندىلا، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتىپ، دۆلەت ۋە مىللەتكە ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشالايدۇ. ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش مەجبۇرىيەت، شۇنداقلا مەسئۇلىيەت، قەلب ئىنتىلىشى، سۆيگۈ ماكانى، تېخىمۇ مۇھىمى، ياشلارنىڭ ئادەم بولۇشىنىڭ ئاساسى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىنىڭ ئۇلى. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، باتۇرلۇق بىلەن خەۋپ - خەتەرگە قارشى كۈرەش قىلسىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ، زاپاس كۈچكە تولىدۇ، ئۈمىدكە تولىدۇ. كۈرەش قىلىش ياشلىق باھارىنىڭ ئەڭ يارقىن سىماسى، پەقەت باتۇرانە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن مىللەتنى گۈللەندۈرۈش بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشىلىك ھايات غايىسىنىڭ يەلكىنىنى جەۋلان قىلدۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى - نەزەر دائىرىسى، ئىددىيەسى - قارىشى، تونۇشى - سەۋىيەسىنى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان دەۋر تەرەققىياتىغا يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. پەقەت ئەخلاق - پەزىلەتنى تاۋلاپ، كۈرەش داۋامىدا تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، جاھاندىكى ئىسسىق - سوغۇقنى، خەلقنىڭ قايغۇ - شادلىقىنى، رېئال زىددىيەتلەرنى بايقىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىن كىشىلىك ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى، ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى، كەسىپ يۆنىلىشىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئالتە ئۈمىدنى چوڭقۇر ياخشى ئىگىلىگەندە، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى ئاندىن دەۋر يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى زىممىسىگە ئالالايدۇ.

4 - ماي روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئېلىشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە ئۈمىدنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. ئۇلۇغۋار غايە تىكلەشتە، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا بولغان ئەقىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىغا بولغان ئىشەنچنى تۇرغۇزۇش كېرەك؛ ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتە، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى كۆڭلىگە پۈكۈش، ئۈزلۈكسىز ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاش، خەلققە ئۆزىنى بېغىشلاش كېرەك؛ دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىشتا، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جەريانىدا چېنىقىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، تىرىشىپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىدىن بولۇش كېرەك؛ باتۇرانە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشتا، باتۇرلۇق بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇپ، دولقۇن يېرىپ ئېلىشىش داۋامىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، توسالغۇلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈش داۋامىدا زېمىن ئېچىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا نەتىجە يارىتىش كېرەك؛ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈشتە، ئۆگىنىش تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش داۋامىدا بىلىمنى ئاشۇرۇپ، پەزىلىتىنى تاۋلاپ، خىزمەت جەريانىدا قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ماھارەت يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ ئەخلاق - پەزىلەت تاۋلاشتا، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى تونۇپ، ئومۇمىي ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، شەخسىي ئەخلاقنى چىڭىتىپ، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ مەنزىللىك، تېخىمۇ سەۋىيەلىك كىشىلىك ھاياتقا ئىنتىلىش كېرەك. بۇ ئالتە ئۈمىدنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەندىلا، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى ياشلىق باھارى ۋە قان - تەرى بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ.

«شامالدا قىلىپ پەرۋاز، ئۆرلىدىم تۇمەن چاقىرىملىق بوشلۇققا، نەزەر سالدىم ۋەتىنىمنىڭ گۈل تاغ - دەريالىرىغا.» جۇڭگو ئارزۇسى تارىخنىڭ، رېئاللىقنىڭ، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ؛ بىز مۇشۇ ئەۋلادلارنىڭ، تېخىمۇ مۇھىمى ياش ئەۋلادلارنىڭ. كۈرەش داۋامىدا ياشلىق قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ياشلىق غايىسىنى قوغلاشقاندا، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى چوقۇم ياشلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، كۈرەشكە ئاتلىنىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولىنى ئېچىپ، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ياشلىق كۈچىنى قوشالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

«1 - ماي»لىق دەم ئېلىشتىن ھۇزۇرلىنىش

## مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قالتىس قىزىپ كەتتى

□ مۇخبىرلىرىمىز **مايگۈل ئايتقازى، خې لىلى**

«1 - ماي» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەدەنىيەت سارايلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، مول، رەڭدار ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بايراملىق تۇرمۇشىنى شادلىققا ۋە مەنىگە تولدۇردى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسى نەنمېن كىتاب سېتىش مەركىزىدە ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى، 1 - قەۋەت زالدىكى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا پارتىيەنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كىتابلىرى تىزىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئارىلاپ - ئارىلاپ تاللىماقتا، سېتىۋالماقتا ئىدى. شەھەر ئاھالىسى ليۇ ئەپەندى «شى جىنپىڭنىڭ يەتتە يىللىق زىيالىي ياشلىق ھاياتى» دېگەن كىتابنى تاللىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئادەتتە خىزمىتىم ئالدىراش بولغاچقا، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كىتابخانىلارغا بېرىپ ئايلىنىمەن. بۇ كىتاب ياشلارنىڭ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىدۇ، مەن ئۆزۈم ئوقۇۋالا قالماي، يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمغىمۇ تەۋسىيە قىلىمەن».

تىپى ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن نۇرغۇن ئەمەلىي كىتابخانىغا ئوخشاش، نەنمېن كىتاب سېتىش مەركىزى خېرىدارلارنىڭ ئىستېمال تۇيغۇسىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. مۇخبىرلار 1 - قەۋەتتىكى زالنىڭ بىر تەرىپىگە كەڭ ھەم چوڭ ياغاچ ئۈستەل - ئورۇندۇق قويۇلۇپ، خېرىدارلارنىڭ راھەت كىتاب ئوقۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلەنگەنلىكىنى كۆردى. شۇ كۈنى، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى بۇ يەردە چاي ئىچكەچ تىپتىنچ كىتاب ئوقۇش ۋاقتىدىن بەھرىلىنىشنى تاللىغانىدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان سەنئەت سارىيىدا، «سەنئەتلىك ئون يىل» ئىيۇل رەسساملىقنىڭ ئون يىللىق سەنئەت ئالاھىدە كۆرگەزمىسى ۋە يىپەك يولىدىكى رەڭدار سەنئەت . مىڭ يىللىق رەشتە ھۈنەر - سەنئەت ئەسەرلىرى ئالماشتۇرۇش كۆرگەزمىسى نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسىنى جەلپ قىلدى.

ئالتايلىق ساياھەتچى جاڭ چاۋ «پېشقەدەم ئەسكەرلەر» ناملىق بىر پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. رەسىمدىكى تۆت ياشانغان كىشىنىڭ چېكىسىگە ئاق سانجىلغان بولۇپ، كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىنى قورۇق بېسىپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ھەربىيچە سالام بېرىۋاتقان ئەينەن تەسۋىرى كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. جاڭ چاۋ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشىدا ئۇلارنىڭ تۆھپىسى بار».

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي دائىملىق كۆرگەزمىدىن باشقا، يەنە «سارىرا قۇتىسىغا يوشۇرۇنغان مەخپىيەتلىك — سۇمۇننىڭ ئۇسسۇل نىقابىنى سىزىش» «DIY قەدىمكى پۇلى» «DIY قول ھۈنەرۋەنچىلىك پائالىيىتى» قاتارلىق ياش - ئۆسمۈرلەر يۈرۈشلۈك تەتقىقات - ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكى پەيزاۋات ناھىيەسى بارىن بازىرى يېڭى ئۆستەڭبويى كەنتىدە بىر مەيدان ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويدى.

ئويۇن تېخى باشلانمايلا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆيى قايناام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى، كەنت ئاھالىلىرى بالدۇرلا بۇ يەرگە كېلىپ ئەڭ ياخشى ئورۇننى «ئىگىلىدى».

سائەت 11دە، «قايتا ئاتلىنىش» ناملىق شوخ ناخشا بىلەن ئويۇننىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، ئارقىدىن يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئۇسسۇل، قوش كىشىلىك ناخشا قاتارلىق 13 نومۇر كەينى - كەينىدىن ئورۇنلاندى، ئارتىسلارنىڭ ئېسىل نومۇرلىرى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«نومۇرلار بەك ياخشى ئىكەن! ھازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، يەنە ئىشىكىمىز ئالدىدىلا كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق. بۇ دەم ئېلىش مەزگىلىنى ناھايىتى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدۇق» دېدى كەنت ئاھالىسى گۈلنار ئەسەت.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش مەدەنىيەت ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئارقا - ئارقىدىن قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات ناھىيەسى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىگە بېرىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەدەنىيەتتە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئويۇنى قويۇپ، تەخمىنەن 200 مەيدان سەرخىل ئويۇننى ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا - كەنتلەرگە يەتكۈزىدىكەن.

## شىنجاڭ ئىچىدىكى چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىجازىتىدە «كۆرۈشمەي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ بېجىرىش كۆزنىكىنىڭ مەسئۇلى نىجات مەجىت تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2017 - يىلىدىن بۇرۇن، چوڭ يۈك تىرانسپورتى ھۆددىگەرلىرى يول مەمۇرىيىتى سىستېمىسى كۆزنىكىگە بېرىپ نەق مەيداندا ئىلتىماس ماتېرىياللىرىنى سۇنۇپ، يول خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن چوڭ يۈك تىرانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنالايتتى، ئىش بېجىرگۈچى ئامما كۆپ قېتىم قاتراپ ئاندىن ئىشنى بېجىرەلەيتتى.

2017 - يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئامما ۋە كارخانىلارنى رازى قىلىشنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ، «شىنجاڭنىڭ چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى»نى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، چوڭ يۈك تىرانسپورتىنىڭ ئىجازەت ئىلتىماسىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى توردا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇددىتىنى قىسقارتىش بىلەن بىللە، ئىش بېجىرگۈچى ئاممىنىڭ قاتراش قېتىم سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. مۇشۇ ئاساستا، مۇلازىمەت تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ئاددىيلاشتۇرۇش، ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، 2018 - يىلى 10 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىجازىتى ئىشلىرىدا «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىرلا قېتىم قاتراش»نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردى. كارخانىلارنى يەنىمۇ «باغلاقتىن بوشىتىپ»، بازارغا «ئورۇن بوشىتىش» ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى يەنە ئىككىلىك كود ئارقىلىق ساختىلىقتىن ساقلىنىپ راستلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە توردا بېسىپ چىقىرىش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ تاماملىدى ھەم 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلكە دەرىجىلىك چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىجازىتى ئىشلىرىدا «كۆرۈشمەي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «سانلىق مەلۇماتنى كۆپرەك قاتراتىپ، ئاممىنى قاتراتمىدى».

نىجات مەجىت مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونومىمىزنىڭ چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىجازىتى خىزمىتىنىڭ مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتىدۇ، 2017 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ ئىچىدىكى چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىشلىرىدىن 2225نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، 2018 - يىلى بۇ سان 3960قا يەتتى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئېيىدا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سانى 551گە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 255ى كۆپەيدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمى بارغانسېرى ئېشىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى چوڭ يۈك تىرانسپورتى ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئوتتۇرىچە ۋاقىت چېكى 1.07 خىزمەت كۈنىگە قىسقاردى. كېيىنكى مەزگىلدە بىز داۋاملىق تىرىشىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇددىتىنى قىسقارتىپ، ئاممىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ قولاي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تۈرۈشقا ئەۋەتكەن بەش ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى سۆھبەتكە چاقىرتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىكى تۈرۈشقا ئەۋەتىلگەن بەش ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى سۆھبەتكە چاقىرتىپ، تۈرۈشقا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرۈشلۇق ئورۇن پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)لىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر. ھەرقايسى تۈرۈشقا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشتا كۈچلۈك بولماي، پوزىتسىيەدە پاسسىپ، مۇجمەل بولۇپ، قىلىدىغاننى قىلماي، سۆرەلمىلىك قىلىپ، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، قارا كۈچلەر بولسىمۇ زەربە بەرمەي، رەزىل كۈچلەر بولسىمۇ يوقاتماي، «كونلۇك» بولسىمۇ قازماي، تور بولسىمۇ تارمار قىلماي، دېلو بولسىمۇ تەكشۈرمەي، شەكلۋازلىق قىلغان، بيۇروكراتلىق قىلغانلاردىن، سۆھبەتكە چاقىرتىشقا تېگىشلىكلەرنى سۆھبەتكە چاقىرتىپ، تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تەنقىد قىلىپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قەتئىي پوزىتسىيە، ئەمەلىي ئىستىل، قاتتىق ئىنتىزام ئارقىلىق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭنى ياخشى قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

يىغىندا، تۈرۈشقا ئەۋەتىلگەن بەش ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئار - نومۇسقا دادىل يۈزلىنىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، تۈرۈشلۇق تارماقلارنىڭ مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا، ياخشى ئىجرا قىلىشىغا، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## مەدەنىي ساياھەتچىلەر ــ سەپەردىكى «ھەرىكەتچان مەنزىرە»

(بېشى 1 - بەتتە)

پىدائىيلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن سىرت، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر خىل شەكىلدە تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، مەدەنىي ساياھەت قىلىش ئېڭى كۆپىنچە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. دالىدا غىزالانغاندىن كېيىن، ساياھەتچىلەر مېۋە شۆپۈكى، سولياۋ بوتۇلكىلارنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇنتۇمايدىغان بولدى؛ گۈللەر ئارىسىدا سۈرەتكە چۈشكەندە، سەپەرداشلار چىرايلىق گۈللەرنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىقنى ئەسكەرتىدىغان بولدى... بارغانسېرى كۆپ ساياھەتچى ئاڭلىق مەدەنىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، سەپەردىكى يارقىن «ھەرىكەتچان مەنزىرە»گە ئايلاندى.

«سىز كۆۋرۈكتە تۇرۇپ مەنزىرە كۆرسىڭىز، مەنزىرە كۆرۈۋاتقان كىشى بىنادا تۇرۇپ سىزنى كۆرىدۇ.» ھەربىر «ھەرىكەتچان مەنزىرە» يېتەكلىگەن مەدەنىي ئىستىلنىڭ ھەممىسى ئەتراپتىكى ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ توغرا يۆنىلىشلىك پىسخىك تەسىر بېرىدۇ، بۇ ئارقىلىق بىر خىل ئاڭلىق بولغان مەدەنىي ئادەتنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىگە يېتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى سەپەردە مەدەنىيلىكنى تارقىتىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

سەپەردىكى «ھەرىكەتچان مەنزىرە»نىڭ كۆپىيىشى ساياھەتچىلەرنىڭ شەخسىي مەدەنىي ساپاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك سەۋىيەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆسكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بىز سەپەرگە چىققاندا، ئۆزىمىزنىڭ بىر «ھەرىكەتچان مەنزىرە» ئىكەنلىكىمىزنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش ئېلېكترونلۇق پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.net)**